## 126993 ـ كاپىرلارنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى قىلىشنىڭ مۇسۇلماننى ئىسلام دىنىدىن چىقىرۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

مۇسۇلمان كىشىدىن ئۆزىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇپرى ئەمەللەر سادىر بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

ئەمەلىيىتى بىلەن كاپىرنىڭ قىلىقىنى قىلىش مۇسۇلماننى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: بۇت-ھەيكەللەرگە چوقۇنۇش، سەجدە قىلىش، ئاللاھنىڭ غەيرىدىكى بۇتلارغا، يۇلتۇزلارغا ياكى جىن-شەيتانلارغا ئاتاپ چارۋىلارنى بوغۇزلاش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ مۇسۇلماننى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇپرى ئەمەللەردۇر، ئىنسان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار ئۈچۈن ناماز ئادا قىلسا ياكى سەجدە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن چوڭ كۇپۇرنى سادىر قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسان ناۋادا ئىسلام دىنىنى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياكى ئاللاھ تائالانى ياكى ئاللاھنىڭ قايسى بىر پەيغەمبىرىنى تىللىسا، ھاقارەت قىلسا مەسخىرە قىلسا ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى بارلىق ئەھلى-سۈننەت ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا ئەمەلىيىتى بىلەن مۇسۇلماننى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان كاپىرنىڭ قىلىقىنى قىلغان بولىدۇ".

"شەيخ بىن باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى 146/28" .